# بالىلار ئىنجىل ى
# تونۇشتۇرۇلدى

# ئەيسانىڭ تۇغۇلۇشى



ئاپتورى: Edward Hughes

رەسىمنى سىزغان: M. Maillot
Alastair Paterson

قىسقارتقان: E. Frischbutter; Sarah S.

ئالاقىلاشىدىغان تور بەت: Bible for Children
www.M1914.org

©2020 Bible for Children, Inc.
ئىجازەتنامە: بۇ ھېكايىنى كۆچۈرۈپ بېسىش
ھوقۇقىڭىز بار.پەقەت سېتىشقا بولمايدۇ.



خېلى بۇرۇنلا، خۇدا جىبرىئىل پەرىشتىنى مەريەم ئىسىملىك بىر سۆيۈملۈك ياش يەھۇدىي قىزغا ئەۋەتتى. ئۇ ئۇنىڭغا: "سېنىڭ بىر ئوغلىڭ بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىسمىنى ئەيسا دەپ ئاتايسەن، ئۇ پەرۋاردىگاھنىڭ شاھزادىسى دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ مەڭگۈ پادىشاھ بولىدۇ" دېدى.

"بۇ قانداقمۇ مۇمكىن؟" ھەيران قالغان قىز سورىدى. مەن ھېچقانداق ئەر بىلەن بىللە بولۇپ باقمىدىم".

پەرىشتە مەريەمگە بالىنىڭ خۇدادىن كېلىدىغانلىقىنى، ئىنسان ئاتىسى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى..



پەرىشتە ئاندىن
مەريەمگە نەۋرە
ئاچىسى ئېلىزابېتنىڭ
قېرىغاندا بالىلىق
بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.
بۇمۇ بىر مۆجىزە ئىدى.
ئۇزاق ئۆتمەي، مەريەم
ئېلىزابېتنى يوقلىدى.
ئۇلار بىرلىكتە خۇدانى
مەدھىيىلىدى.



مەريەم يۈسۈپ
ئىسىملىك بىر كىشى
بىلەن توي قىلىشقا
پۈتۈشكەن ئىدى.
يۈسۈپ مەريەمنىڭ
بىر بوۋاققا ھامىلدار
ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن
كېيىن كۆڭلى يېرىم
بولدى.  ئۇ باشقا بىر
ئەرنى دادا دەپ
ئويلىدى.



چۈشىدە، خۇدانىڭ پەرىشتىسى
يۈسۈپكە بۇ بالىنىڭ خۇدادىن
كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.  يۈسۈپ
مەريەمگە ئەيساغا قاراشقا
ياردەم قىلاتتى.



يۈسۈپ خۇداغا ئىشەنچ قىلدى ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى. ئۇ يەنە دۆلەتنىڭ قانۇنىغا بويسۇندى. يېڭى قانۇن سەۋەبىدىن، ئۇ ۋە مەريەم باج تاپشۇرۇش ئۈچۈن يۇرتى بەيتلەھەمگە قاراپ يولغا چىقتى.




مەريەم بالىسىنى تۇغۇشقا تەييارلاندى. ئەمما يۈسۈپ ھېچ يەردىن ئۆي-جاي تاپالمىدى. بارلىق تۇرالغۇلار لىق تولغانىدى.

يۈسۈپ ئاخىرى بىر ئېغىل تاپتى.  ئۇ يەردە بوۋاق ئەيسا تۇغۇلغان.  ئاپىسى ئۇنى ھايۋانلارنىڭ يېمەكلىكلىرى ئادەتتە قويىدىغان ئوقۇرغا قويدى.




يېقىن ئەتراپتا، پادىچىلار ئۇخلاۋاتقان پادىلىرىنى قوغداۋاتاتتى.
خۇدانىڭ پەرىشتىسى پەيدا بولۇپ، ئۇلارغا بۇ خۇش
خەۋەرنى سۆزلەپ بەردى. "بۈگۈن
داۋۇت
شەھىرىدە
قۇتقۇزغۇچى
بولغان مەسىھ
تۇغۇلدى.
بوۋاقنىڭ ئوقۇردا
ياتقانلىقىنى كۆرىسىز".


تۇيۇقسىز، يەنە نۇرغۇن پارلاق پەرىشتىلەر پەيدا بولۇپ،
خۇدانى مەدھىيىلىدى ۋە: "ئەڭ ئۇلۇغ خۇداغا
شان-شەرەپ بولسۇن ۋە يەر يۈزىدىكى
كىشىلەر
ئوتتۇرىسىدا
تىنىچلىق ۋە ياخشى
نىيەتلەر بولسۇن"
دېدى.

پادىچىلار ئېغىلغا ئالدىرىدى.  بوۋاقنى كۆرگەندىن
كېيىن ئۇلار كۆپچىلىككە پەرىشتىلەرنىڭ ئەيسا
ھەققىدە ئېيتقانلىرىنى ئۇچراتقانلىقىنى ئېيتتى.





قىرىق كۈندىن كېيىن، يۈسۈپ بىلەن
مەريەم ئەيسانى يېرۇسالېمدىكى
ئىبادەتخانىغا ئېلىپ كەلدى.
ئۇ يەردە شىمون ئىسىملىك
بىر كىشى بوۋاق ئۈچۈن
خۇدانى مەدھىيىلەۋاتقاندا،
رەببىمىزنىڭ يەنە
بىر بەندىسى
قېرى ئاننا
رەھمەت
ئېيتتى.



هەر ئىككىسى ئەيسانىڭ خۇدادىن كەلگەن، ۋەدە قىلىنغان قۇتقۇزغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلدى.  يۈسۈپ ئىككى قۇشنى قۇربانلىق قىلدى.  بۇ شەرىيەتتە نامرات كىشىلەر يېڭى تۇغۇلغان بالىنى رەببىگە تاپشۇرغاندا ئېلىپ كېلىشى كېرەك دېيىلگەن قۇربانلىق ئىدى.


بىر مەزگىلدىن كېيىن،
بىر ئالاھىدە يۇلتۇز دانا
كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە
شەرقتىكى بىر دۆلەتتىن
يېرۇسالېمغا
بېرىشنى سالدى. _ئۇلار:
"ئىبرانىيلارنىڭ پادىشاھى بولۇپ
تۇغۇلغان ئۇ قەيەردە؟" دەپ
سورىدى. "بىز ئۇنىڭغا سەجدە
قىلىشنى خالايمىز".

هىرود پادىشاھ دانا كىشىلەر
ھەققىدە ئاڭلىدى، ۋە تىت-تىت
بولۇپ، ئۇلاردىن ئەيسانى
قاچان تاپقانلىقىنى ئېيتىشنى
سورىدى.  هىرود مۇنداق
دېدى: "مەنمۇ ئۇنىڭغا سەجدە
قىلىشنى خالايمەن."  ئەمما ئۇ
يالغان سۆزلەۋاتاتتى.  هىرود
ھەزرىتى ئەيسانى
ئۆلتۈرمەكچى
ئىدى.





ئۇ يۇلتۇز دانا كىشىلەرنى مەريەم
بىلەن يۈسۈپنىڭ بۇ كىچىك بالىسى
بىلەن بىللە تۇرغان ئۆيىگە
يىتەكلەپ كەلدى. ئۇلار تىزلىنىپ
ئولتۇرۇپ ئەيساغا مول
سوۋغاتلىق ئالتۇن ۋە
ئەتىرلەرنى بەردى.





خۇدا بۇ دانا كىشىلەرنى مەخپى
ئۆيىگە قايتىشقا ئاگاھلاندۇردى.
ھىرود قاتتىق ئاچچىقلاندى.
ئەيسانى يوقىتىشنى قارار قىلغان بۇ
رەزىل ھۆكۈمدار بەيتلەھەمدىكى
بارلىق ئوغۇل بوۋاقلارنى
ئۆلتۈردى.



لبكن هرود خۇدادن كەلگەن
ئەساغا زيان يەتكوٰزەلمدى.
چوٰشدە ئاگاهلاندۇرۇلغان
يوٰسوٰپ، مەريەم بلەن
ئەيسانى بخەتەر مسرغا
ئبلپ باردى.



هىرود ۋاپات بولغاندا،
يۈسۈپ مەريەم بىلەن
ئەيسانى مىسىردىن
قايتۇرۇپ
كەلدى.

ئۇلار جەلىلىيە دېڭىزىغا يېقىن
كىچىك ناسىرە يېزىسىدا تۇراتتى.

# ئەيسانىڭ تۇغۇلۇشى

خۇدانىڭ سۆزى، ئىنجىلدىن ئېلىنغان بۇھېكايە،

تېپىلغان

مەتتا 1-2، لۇقا 1-2

"سۆزلىرىڭنىڭ مەنىسى يېشىلگەندە، نۇر چاچار يولىمىزغا."
زەبۇر 130:119

ئاخرەت

## بۇ ئىنجىل ھېكايىسى بىزنى ياراتقان ۋە ئۇنى
## تونۇشىڭىزنى خالايدىغان ئېسىل تەڭرىمىز ھەققىدە سۆزلەيدۇ.

خۇدا بىزنىڭ يامان ئىش قىلغانلىقىمىزنى بىلىدۇ، ئۇ بۇنى گۇناھ دەپ ئاتايدۇ. گۇناھنىڭ
جازاسى ئۆلۈم، ئەمما خۇدا سىزنى بەك ياخشى كۆرىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ئوغلى
ئەيسانى كرېستكە مىخلاپ ئۆلتۈرۈشكە ۋە گۇناھلىرىڭىز ئۈچۈن جازالاشقا ئەۋەتتى.
ئاندىن ئەيسا تىرىلدى ۋە ئۆيىگە قايتىپ جەننەتكە كەتتى! ئەگەر سىز ئەيساغا ئېتىقاد
قىلىپ، ئۇنىڭدىن گۇناھلىرىڭىزنى كەچۈرۈم قىلىشىنى تەلەپ قىلسىڭىز، ئۇ چوقۇم
قىلىدۇ! ئۇ ھازىر كېلىپ سىزدە ياشايدۇ، سىز ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ ياشايسىز.

ئەگەر بۇ ھەقىقەتكە ئىشەنسىڭىز، بۇنى خۇداغا ئېيتىڭ:
قەدىرلىك ئەيسا، مەن سىزنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشىنىمەن، ھەمدە مېنىڭ
گۇناھلىرىم ئۈچۈن ئۆلىدىغان ئادەمگە ئايلاندىڭىز، ئەمدى قايتا ياشايسىز. ھاياتىمغا
كىرىپ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، شۇنداق قىلسام مەن يېڭى ھاياتقا
ئېرىشەلەيمەن، بىر كۈنى مەڭگۈ سەن بىلەن بىللە بولىمەن. ماڭا ئىتائەت
قىلىشىمغا ۋە بالىڭىزدەك ياشىشىمغا ياردەملىشىڭ. ئامىن.

ئىنجىلنى ئوقۇڭ ۋە ھەر كۈنى خۇدا بىلەن پاراڭلىشىڭ! يۇھاننا 3:16